# زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئولتۇراق رايونغا كىردى مال تولۇق، باھا مۇقىم بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى كۆكتات، مېۋە - چېۋە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەر زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى قوزغىتىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق تەكشۈرۈش - ئۆلچەشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، شەھەر (رايون) بويىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى قوللىنىپ، سېتىش كارخانىلىرىنى بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلىدى. بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، ساختا تاۋار ياساش - سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ماددىي ئەشيا تەمىناتىنىڭ تولۇق، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

نۇرباغ رەڭلىك مېتال مەھەللىسى دەرھال مەھەللىدىكى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاستە سېتىش نۇقتىلىرى ۋە تاللا بازارلىرى، كىچىك دۇكانلار، كىچىك كۆكتات دۇكانلىرى، قولاي دۇكانلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇدۇللىشىپ، مەركەزلىك تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش، ئالاھىدە تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنى يېتەرلىك كۆكتات، ئاشلىق، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىك، گۆش، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق مۇھىم زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«ئولتۇراق رايوندا ھازىر خەلققە قولاي كۆكتات نۇقتىسىدىن تۆت، بەشى بار، ھەر كۈنى يېڭى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى كەلگەندىن كېيىن، مەھەللە ئاھالىلەر ۋېيشىن توپىدا مال باھاسى ۋە مال ئېلىش ئورنىنى ئېلان قىلىدۇ ھەم ماسكا تاقاپ ئۆچرەتتە تۇرۇشىمىزنى ئەسكەرتىدۇ. مەن بۇ ئالاھىدە مەزگىلنىڭ چوقۇم تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى ۋاڭ جيەنپىڭ ئىشەنچكە تولغان ھالدا.

«تاللا بازىرىدا بار تاۋارلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ. باھاسى تاللا بازىرىدا ئادەتتە سېتىلىدىغان باھا بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، ھەركۈنى يەنە ئالاھىدە باھالىق كۆكتاتلار بار، تۇرمۇشىمىزنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قولايلاشتۇردى.»

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 16 دە، بېيجىڭ يولىدىكى جيالېفۇ تاللا بازىرىنىڭ 1 - قەۋىتىدە تەسىس قىلىنغان خەلققە قولاي كۆكتات نۇقتىسىدا، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) گاۋشىن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى كۈنمىڭ يولى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى رېن جىنخۇا بىرمۇنچە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تاللىدى.

شىنجاڭ جيالېفۇنىڭ ئۈرۈمچى شەھەر رايونى دىرېكتورى جاۋ شياڭلى مۇنداق تونۇشتۇردى: تاللا بازىرى گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى يەككە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە تامامەن كاپالەتلىك قىلالايدۇ، ھەمدە ئىلگىرىكى تەجرىبەلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، 1 - قەۋەتتىكى جىنشاڭ شىيې ئاشخانىسىنى خەلققە قولاي كۆكتات نۇقتىسىغا ئۆزگەرتىپ، كۈنمىڭ يولى مەھەللىسى كاڭپۇ بەيشىن زۇەنشيۇەن ئولتۇراق رايونىدىكى 2100 ئاھالىگە ئېچىۋەتتى. خىزمەتچى خادىملار ھەر كۈنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، قەرەللىك ھالدا سېتىش مەيدانىنى دېزىنفېكسىيەلەپ، ئاھالىلەرگە بىخەتەر، پاكىز، ساغلام بولغان مال سېتىۋېلىش مۇھىتى ھازىرلاپ بەردى. دۇكانغا كىرىدىغان ئاھالىلەرمۇ ئاڭلىق ھالدا مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ياخشى قىلىپ، ئۆچرەتتە تۇرۇپ تەرتىپلىك كىرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جيالېفۇ تاللا بازىرى كۈچلۈك ئامبار زاپىسىنى تىرەك قىلىپ، توردا سېتىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى ئەتراپتىكى 20 دىن ئارتۇق ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، ئىدارە ئاشخانىسى ھەم مېھمانخانا، مېھمانسارايلارغىچە كېڭەيتىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، ئۇچراشماي يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلىنى قوللىنىپ، ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ، خاتىرجەم قىلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 19دا، سايباغ رايونى لۇيۈەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ساڭفاڭگۇ جەنۇبىي يولى مەھەللىسىدىكى خېيىەن تاللا بازىرىدا، نەچچە ئون يەشىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى دۇكان ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، دۇكاندار دۇ خېيىەن مال رەتلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. 80 كۋادرات مېتىرچە كېلىدىغان بۇ دۇكاندا 700 خىلغا يېقىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى مال جازىسىغا لىق تىزىلغانىدى. «مال كىرگۈزۈش يوللىرى راۋان، باھاسىدا بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىرىش بولمىدى، تاللا بازىرىنىڭ پارچە سېتىش باھاسىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش» دېدى دۇ خېيىەن.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جاڭ چاۋ: چوڭقۇر دېڭىزغا تەلپۈندى، دېڭىز ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا ئىرادە باغلىدى



جاڭ چاۋنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (لى لىچياڭ فوتوسى)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مېي چاڭۋېي)** بوخەي قولتۇقى ساھىلىدىكى بىر دېڭىزغا يانداش ياسالغان مەشىق مەيدانىدا، جيەن - 15 بەلگىلىك ئايروپىلاننىڭ غايەت زور گۈركىرىگەن ئاۋازى كۆكنى تىترەتتى —— 2015 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 28 ياشلىق جاڭ چاۋ مۇشۇ جايدىن يولغا چىقىپ، ئاۋىياماتكىغا قاراپ ئۇچۇش مۇساپىسىنى باشلىدى.

ئۇ دېڭىز ئارمىيەسى قائىدىنى بۇزۇپ تاللىغان، ئادەتتىن تاشقىرى تەربىيەلىگەن ئاۋىياماتكا كورەشچى ئايروپىلانى ئۇچقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر بەندىكى ئۇچقۇچىلار 2013 - يىلىلا ئۆگىنىش - مەشىقنى باشلىغانىدى. دېمەك، جاڭ چاۋ بىر يىل ئىچىدە سەپداشلىرىنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى مەشىق مىقدارىغا يېتىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ قىلالىسا، يېڭى مەشىق لايىھەسىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى، بۇ، خەلق دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاۋىياماتكا كورەشچى ئايروپىلانى ئۇچقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتەتتى.

مەشىق ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر بولغاچقا، بېسىمنىڭ بولۇشى ئېنىق ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭ چاۋ باشتىن كەچۈرمىسە بولمايتتى.

ئەسلىدىكى ئورنىنىڭ ئۇنى قويۇپ بېرىشكە كۆزى قىيمىغان، جاڭ چاۋ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز خىل تىپتىكى ئۇرۇش ئايروپىلانى ھەيدىگەن، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان جيەن - 8 بەلگىلىك ئايروپىلان، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى تىپتىكى 3 - ئەۋلاد ئۇرۇش ئايروپىلانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئوخشاش تۈركۈمدىكى ئۇچقۇچىلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم يالغۇز ھەيدىگەن بولۇپ، پۈتۈن تۈەن ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان ئۇچۇش ماھىرى ئىدى.

جاڭ چاۋ ئۆزىمۇ ئاۋىياماتكىدىن ئۇچۇشنى تاللاشنىڭ ھەممىنى نۆلدىن باشلاشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ زور خەۋپ - خەتەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. لېكىن تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ يىراق بولغان چوڭقۇر دېڭىزنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇش ئىزچىل ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتىلگەن ئارزۇ ئىدى. ئاۋىياتسىيە مەكتىپىنى پۈتتۈزگەندە، مەكتەپ ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالماقچى بولغان، جاڭ چاۋ ئۇرۇش قىلىش قىسمىغا بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «دېڭىز ئاسمىنىنى قوغدىغۇچى» ۋاڭ ۋېي ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسمىغا تەقسىم قىلىنغان.

تاللاش مەزگىلىدە، ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇنىڭدىن تۇنجى بولۇپ «ئاۋىياماتكا ئايروپىلانىنى ھەيدەش دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ خەتەرلىك ئۇچۇش مەشغۇلاتى، سىز كېلىشنى خالامسىز؟» دەپ سورىغاندا، جاڭ چاۋ: «مەن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن يەنىلا بارغۇم بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

كۆڭلىگە دېڭىز ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش ئارزۇسىنى پۈككەن، سانسىزلىغان ئۈمىدلەر يۈكلەنگەن جاڭ چاۋ ئاۋىياماتكا ئاۋىياتسىيە قىسمىغا قاتناشقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ «ھەسسىلەپ كۈچەش ئەندىزىسى»نى قوزغاتقان: ئالتە ئاي بولغاندا، ئۇ مەشىق سۈرئىتىگە يېتىشىۋالغان؛ ئون ئاي بولغاندا، ئۇ تۇنجى قېتىم جيەن - 15 بەلگىلىك ئايروپىلانىنى ھەيدەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن. بارلىق باھالاش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەتىجىسى ئەلا بولغان.

2016 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جاڭ چاۋنىڭ ئېشىپ قالغان مەشىق ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئاۋىياماتكىغا ئۇڭۇشلۇق چىقىشقا پەقەت ئۈچلا ئۇچۇش كۈنى قالغان. پەقەت ئاۋىياماتكىدا ئۇچۇش - قونۇش مەشىقىنى تاماملاپ، ئاۋىياماتكىغا چىقىش سالاھىيەت ئېتىراپنامىسى ئالسىلا، ئاۋىياماتكا كورەشچى ئايروپىلانىنىڭ ھەقىقىي ئۇچقۇچىسىغا ئايلىنالايتتى.

شۇ كۈنى پىلان بويىچە، جاڭ چاۋ ۋە سەپداشلىرى ئۈچ قېتىم تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا، ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇشنى مەشىق قىلماقچى بولغان. ئىككىنچى قېتىم ئۇچۇپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىز يۈزىدە تەدرىجىي سۇس تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، كۆرۈش دەرىجىسى بارغانسېرى ناچارلاشقان، ئۈچىنچى قېتىملىقى قۇرۇقلۇقتىكى بازىدا ئاۋىياماتكىغا تەقلىد قىلىپ قونۇش مەشىقى قىلىپ تەڭشەلگەن.

سائەت 12دىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ چاۋ ھەيدىگەن 117 - نومۇرلۇق جيەن - 15 بەلگىلىك ئايروپىلان «ئاۋىياماتكا»غا قونۇش لىنىيەسىگە كىرگەن. ئۇنىڭ ئاۋىياماتكىغا قونۇش تېخنىكىسى ئىزچىل ناھايىتى قالتىس ئىدى، تاماملىغان% 93.24 ئۇچۇش قېتىمىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى باھالاش نومۇرى 3.12گە يەتكەن بولۇپ، 2.75 نومۇرغا يەتسىلا ئاۋىياماتكىغا چىقىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

لېكىن، جاڭ چاۋ مۇكەممەل دېگۈدەك دەرىجىدە دەل قونغاندىن كېيىن، يەرگە تېگىشىپ سىيرىلىپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان تۇيۇقسىز «تېلېكس كاشىلىسى»نى مەلۇم قىلغان، ئايروپىلان بېشى تېز سۈرئەتتە زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ، كۆتۈرۈلۈش بۇلۇڭى 80 گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن ھالەتتە تۇيۇقسىز چۈشۈپ كەتكەن.

نەق مەيداندىكى سىن ۋە ئۇچۇش پارامېتىرى سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، سائەت 12دىن 59 مىنۇت 11.6 سېكۇنت ئۆتكەندە كاشىلا بايقالغاندىن تارتىپ سائەت 12دىن 59 مىنۇت 16 سېكۇنت ئۆتكەندە پاراشۇتتىن سەكرىگىچە بولغان قىسقىغىنا 4.4 سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە، جاڭ چاۋ پەقەت بىرلا ھەرىكەت قىلغان، ئۇ بولسىمۇ باشقۇرۇش دەستىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ، ئايروپىلان بېشىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى توسۇپ، ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ پاچاقلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشقان.

ھالبۇكى، ئېگىزلىكى بەك تۆۋەن، بۇلۇڭ گرادۇسى بەك ناچار بولغاچقا، جاڭ چاۋ پاراشۇت بىلەن بىللە ئېتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن نەچچە ئون مېتىر يىراقلىقتىكى چىملىققا قاتتىق ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، يۈرىكى، جىگىرى، تېلى، ئۆپكىسى ئېغىر زەخىملەنگەن. دوختۇرخانىغا كېتىۋاتقان يولدا، ئۇ سەپداشلىرىدىن: «مەن ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، ئەمدى ئۇچالماسمەنمۇ...» دەپ سورىغان.

سائەت 15تىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ چاۋنىڭ ياش يۈرىكى مەڭگۈ سوقۇشتىن توختىغان.

2016 - يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يولداش جاڭ چاۋغا «دېڭىز ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاۋانگارتى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەردى.

2018 - يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، «دېڭىز ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاۋانگارتى» جاڭ چاۋ پۈتۈن ئارمىيەدە سۈرىتى ئېسىلىدىغان قەھرىمان - نەمۇنىچى قاتارىغا قوشۇلدى.

جۇڭگونىڭ ئاۋىياماتكىدىن ئۇچۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ——

جاڭ چاۋ، ئەر، خۇنەن يۆياڭدىن، 1986 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان، 2004 - يىلى 9 - ئايدا ئارمىيەگە كىرگەن، 2009 - يىلى 5 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، دېڭىز ئارمىيەسى ئاۋىياماتكا ئاۋىياتسىيە قىسمىنىڭ مۇئاۋىن يىلك دەرىجىلىك ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، دېڭىز ئارمىيەسى شاڭۋېي ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇچقۇچى.

# شېن لياڭلياڭ: خەلقنىڭ قەلبىدىكى تىنچلىق ساقلاش قەھرىمانى



شېن لياڭلياڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ليۇ شياۋخۇڭ)** 78 - جىتۇەنجۈن مەلۇم قۇرۇلۇش - خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش لۈيى يېقىندا ئۆتكۈزگەن «شېن لياڭلياڭ خاتىرە زالى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، بىر پارچە قىزىل رەڭلىك «قەھرىمانلار تىزىملىكى» ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ سۈرىتى ئالدىغا قويۇلدى. تىزىملىكتىكى 365 سەرخىل ئەسكەرنىڭ ھېكايىلىرى قەھرىماننىڭ ئىزباسارلىرى بارلىقىنى نامايان قىلدى.

شېن لياڭلياڭ، ئەر، 1987 - يىلى تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشيەن ناھىيەسىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى. ھايات ۋاقتىدا 78 - جىتۇەنجۈن مەلۇم قۇرۇلۇش - خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش لۈيىنىڭ ئاساسىي بولغان قىسمىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، شاڭشى ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

2010 - يىلى 7 - ئايدا، جىلىن شەھىرىدىكى 2 - سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن، ئۇ لىيەندۈي بىلەن بىللە يۇڭجى ناھىيەسى كوۋچيەن بازىرىغا بېرىپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئىزدەش - قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە تىزىملىتىپ قاتناشقان. بۇ ئارىلىقتا، گەرچە كۆپ قېتىم خەتەرلىك ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي، ھەرگىز چېكىنمەي، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قاپسىلىپ قالغان 50تىن ئارتۇق ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىققان.

2013 - يىلى يىلك ئۇنى ئاپتوموبىل مەيدانىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى. ئاپتوموبىل مەيدانىدا خىزمەت قىلغان ئۈچ يىلدا، شېن لياڭلياڭ ھەر خىل قورال - جابدۇقلارنىڭ ئىقتىدارى، پارامېتىرى، ھالىتى، ھەتتا يۈرۈش كىلومېتىر سانى، دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلا نۇقتىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «يادلاپ بېرەلەيدىغان» بولغان، ئاپتوموبىل مەيدانى يىلمۇ يىل يۇقىرى دەرىجىلىك تەرىپىدىن ئىلغار بولۇپ باھالانغان.

ئارمىيەگە قاتناشقان 11 يىلدىن بۇيان، خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، تەشكىل ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇنى يەتتە ئىش ئورنىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان، ھەر قېتىم ئۇ قەتئىي بويسۇنغان. بولۇپمۇ مالىدا تىنچلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن، شېن لياڭلياڭ تەشەببۇسكارلىق ھالدا قىز دوستى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چاي ئىچۈرۈشنى كېچىكتۈرگەن.

قىسمىنىڭ يات ئەلدە مالىغا تىنچلىق ساقلاشقا بارىدىغانلىقىنى بىلىپ، شېن لياڭلياڭ لېيەن، يىلك، تۇەن ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئۇدا ئىككى يىل جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى سۇنغان. تىنچلىق ساقلاش ۋەزىپە رايونىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ ۋېيشىننىڭ خاس ئىمزا ئورنىغا: باتۇرلۇق، باتۇرلۇق، دەپ يازغان. ئاچىسى ئۇنىڭغا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى قايتا - قايتا تاپىلىغان، ئۇ ئاچىسىدىن: «ئاتا - ئانامغا بىلدۈرمە، ئۇلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن» دەپ ئۆتۈنگەن.

مالى ۋاقتى 2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سائەت 20دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، شېن لياڭلياڭ سەپدىشى سى جۇڭچاڭ بىلەن بىرلىكتە تىنچلىق ساقلاش گازارما رايونىنىڭ 2 - نومۇرلۇق دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر ئاپتوموبىل يىلك دەرۋازىسىغا تېز سۈرئەتتە كەلگەن. باش قاراۋۇل شېن لياڭلياڭ دەرھال ئۇرۇش قىلىش نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا دوكلات قىلغان، ھەم ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چېلىپ، گازارما رايونىغا قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئۇقتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سى جۇڭچاڭنىڭ نىشانغا توسۇپ زەربە بېرىشكە كەسكىن قوماندانلىق قىلغان، ئاپتوموبىل پارتلىغان دەقىقىدە سى جۇڭچاڭنى قاراۋۇلخانىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەن.

ئەسلىدە شېن لياڭلياڭنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ۋاقىت ۋە پۇرسىتى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، باشتىن - ئاخىر قاراۋۇللۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئاپتوموبىل بومبىسىنىڭ گازارما رايونىغا بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 29 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانە ھەرىكىتى تىنچلىق ساقلاش قىسمىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى تېخىمۇ زور تالاپەتكە ئۇچراشتىن ساقلاپ قالغان، ئۇ ھاياتى ئارقىلىق بىر ھەربىينىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن.

قەھرىماننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ لۈي ئۇزاق مۇددەت «قەھرىماننىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش، قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدا مېڭىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلارنى قوغداشتەك قويۇق كەيپىيات بەرپا قىلدى. نۆۋەتتە، %90تىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، چەت ئەلگە چىقىپ تىنچلىقنى ساقلاش، چەت ئەلگە چىقىپ بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرگە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر ناخشىدا مۇنداق ئېيتىلغان: «سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، ھاياتىمدىكى ھەربىر كۈندە.» مۇشۇ تاپتا بۇنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئەزىمەتلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىمىز ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەشكە ئىشلەتسەك ئەڭ مۇۋاپىق. بىز چىن قەلبىمىزدىن مۇنداق دەيمىز: رەھمەت، سىلەر جاپا چەكتىڭلار! جىسمىڭلاردىن باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، سادىقلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ قىممەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرماقتا؛ سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى.

رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى «ھەمسەپەر بولۇش». ئىش ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەممە ئادەمنىڭ بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىشى ھاجەتسىز، بىز ھەربىرىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ماسلىشىپ ۋە مەدەت بېرىپ، بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلساق بولىدۇ. ھەربىرىمىز ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ، ئەتراپىمىزدىن باشلاپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلساقلا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقالايمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)